# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلىرىمىز توغرىسىدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

مۇندەرىجە

1) مەشھۇر بىناكار — ئەختەرىدىن
2) ئادىل، ئەمەلدار ۋە پاك نىيەتلىك ئالىم — شەمسىدىن
3) دىيانەتلىك ئەدىب — كۆكۈن
4) زەمبىرەك ماھىرى ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى
5) ماھىر زەمبىرەك تېخنىكى — ئەلبەرىدىن
6) دىپلومات — راببان سائۇما
7) دىپلومات، ئۆلىما - مارك

## مەشھۇر بىناكار — ئەختەرىدىن

ئەختەرىدىن يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن غەربىي رايونلۇق مەشھۇر ئۇيغۇر بىناكارى بولۇپ. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى «تايدۇ» (大都) (ئۇلۇغ پايتەخت مەنىسىدە. ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ) نى لايىھىلىگەن ھەم غەربىي رايونلۇق ئۇستىلارنى تەشكىللەپ بۇ زور كۆلەملىك ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشنى بىنا قىلغان.

ئەختەرىدىننىڭ ئىسمى يۈەن دەۋرىدىكى تارىخنامىلاردا 亦黑迭儿丁، 也黑迭儿丁، 也黑迭儿 دەپ يېزىلغان بولۇپ، كونا، يېڭى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا مەخسۇس تەزكىرە قالدۇرۇلمىغان، ئەمما يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ئوۋياڭ شۈەن ئۆزىنىڭ «گۈيجەي توپلىمى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 9 - جىلدىدا ئەختەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن مىرئەلى شاھ، مۇبارەك شاھ، [illegible] ئارغۇن شاھلارنىڭ پائالىيىتىنى تونۇشتۇرغان. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى چېن يۈەن ئەپەندى ئەختەرىدىن ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ. ئۇ ئېلىمىزدىكى ئىلگىرىكى كۆپ سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار مەركىزى

بولغان. ئەمىنىيە دەۋرى ۋە يېغىلىق دەۋرىدە يەن (燕) دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىنغان ۋە چۇڭچېڭ (蓟城) دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇيجۇ دەپ، لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە نەنجىڭ (南京) ھەم يەنجىڭ (燕京) دەپ، جىن (金) سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭدۇ (中都) دەپ، يۈەن (元) سۇلالىسى دەۋرىدە تايدۇ (大都) دەپ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە بېيجىڭ، بېيپىڭ (北平) دەپ ئاتالغان. بىراق مىلادى 1215 - يىلى چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى جىن سۇلالىسىغا قارشى يۈرۈش قىلىپ جۇڭدۇ (بېيجىڭ) نى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا بۇ جايغا ئوت قويۇپ بىر ئايدىن ئارتۇقراق كۆيدۈرگەن. نەتىجىدە بۇ ئاۋات شەھەر خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان. ئاردىن 52 يىل ئۆتكەندە، يەنى مىلادى 1267 - يىلى يۈەن سۇلالىسى بۇ جايغا قايتىدىن قەسىر ۋە ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ، شەھەر قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇنى «تايدۇ» دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ كىم تەرىپىدىن ۋە قاچان لايىھىلىنىپ بەرپا قىلىنغانلىقى تۆۋەندىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم:

مىلادى 1259 - يىلى مۆڭكەخان ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبىلايخان بۈگۈنكى خۇبېي، ۋۇخەن ئالدىنقى سېپىدىن شىمالغا قايتىپ ئەختەردىننىڭ يۇرتىغا كەلگەن. ئەختەردىن قۇبلايخاننىڭ يولىغا پايانداز سېلىپ ئالدىغا چىققان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئارغىماق تەقدىم قىلغان، خان ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ھەمدە جۇڭتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1260 - يىلى) ئەختەردىننى چادىر مەھكىمىسىگە باشلىق قىلغان (بۇ مەھكىمە مەخسۇس ئوردا - سارايي قەسىرلەرنى ۋە شەھەر - بازار قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان ئىدى). خان ئوردىسىغا قاراشلىق قول - ھۈنەرۋەنلەر ۋە قۇرۇلۇشچىلار ئەختەردىننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جۇڭتۇڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1263 - يىلى) ئەختەردىن چىڭخۇاداۋ (ھازىرقى جۇڭنەنخەي) نى قايتا كېڭەيتىپ بىنا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. بۇ قۇرۇلۇش جىيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1264 - يىلى) رەسمىي باشلىنىپ جىيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1267 - يىلى) پۈتكەن. ئەختەردىندىن كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ چادىر مەھكىمىسىنى ئەختەردىننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدارە قىلغان ②.

يۈەن سۇلالىسى پايتەختى تايدۇ شەھىرىنىڭ قايتا بىنا قىلىنىشى جۇڭگو-

نىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى. جۈملىدىن بېيجىڭنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنداقلا ئۇنى ئەختەردىننىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەختەردىن تايدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىنى لايىھەلەش ۋە ئۇنى خان ئوردىسىنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يەر شەكلىنى خەرىتىگە ئالغان، خەنزۇلارنىڭ ئۆي-ئىمارەت شەكلىنى تەتقىق قىلغان. شۇ ئاساستا قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانىنى ئەستايىدىل، پۇختا تۈزۈپ چىققان. ئىش باشلىغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن يەر شەكلىنىڭ يانتولىقىغا ئاساسەن يەر ئاستى سۇ يولى ياساپ، سۇ چىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى ئورناتقان. قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئۇ خان ئوردىسىنى چىرايلىق، كۆركەم سېلىشقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتىنى مەنزىرىلىك قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەختەردىن چوڭ-كىچىك قەسىرلەرنى ئۈچ قۇرۇلۇش رايونىغا بۆلگەن، چىنخۇاداۋ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆللەرنى — يەنى بۈگۈنكى جۇڭنەنخەي بىلەن بېيخەي باغچىسىنى قۇرۇلۇش مەركىزى قىلىپ، قەسىرلەرنى كۆللەرنىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئايلانما شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرغان. كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قەسىرلەرنىڭ ئالدى جەنۇبقا باققان بولۇپ، ئۇ ئوردا دەپ ئاتالغان. غەربىي قىرغاقتىكى قەسىرلەرنىڭ ئالدى شىمالغا باققان بولۇپ، ئالدى تەرەپتىكى دەرەخزارلىق ساقلاپ قېلىنغان. غەرب تەرەپكە ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك سېلىنىپ، چىنخۇاداۋ بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى تەخمىنەن بۈگۈنكى جىڭشەن باغچىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەختەردىننىڭ پىلانلىشى بىلەن، بۇ جايغا ئەتىۋارلىق قۇشلار بىلەن غەلىتە ھايۋانلار بېقىلىدىغان باغچە — لىڭيۇ باغچىسى (خان جەمەتىنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسى) ياسالغان. كۆلنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا شاھزادە، مەلىكە ۋە خان جەمەتلىرى تۇرىدىغان قەسىر سېلىنغان. ئۇ خان ئوردىسى بىلەن كۆل ئارقىلىق ئايرىلىپ ئوتتۇرىسىغا چوڭ بىر ياغاچ كۆۋرۈك ياسالغان.

يۇقىرىقى ئۈچ يۈرۈش ئوردا قەسىرلەر بەك كۆركەم سېلىنغان، بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئوردا شەھىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئوردا شەھىرىنى مەركەز قىلىپ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان. ئۇنىڭ سىرتى شەھەر بولۇپ، تۆت تەرەپكە شەھەر دەرۋازىسى ئورنىتىلغان. ئۇ دەرۋازىدىن بۇ دەرۋازىغىچە ھارۋا قاتنىيالايدىغان چوڭ يول ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان ۋە قىش پەسلىدىكى شىمال بورىنىدىن مۇداپىئە قىلىنغان چوڭ كوچىلار ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدە كوچىلارنى بويلاپ 50 نەچچە ئۇستىخانىلار

(قول ھۈنەرۋەن كارخانىلىرى) سېلىنغان بولۇپ، ھەممىسىگە تاختاي ۋىۋىسكا ئېسىلغان. تايدۇ شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئاساسەن چوڭ كوچا ۋە كىچىك كوچا دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. «شى جىن تەپسىلاتى» (析津志) دا: «پايتەخت-نىڭ كوچىلىرى ئاجايىپ رەتلىك ھەم بىر-بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، چوڭ كوچىلىرى 24 ماڭدام كەڭلىكتە، كىچىك كوچىلىرى 12 ماڭدام كەڭلىكتە. جەمئىي 364 چوڭ كوچا، 2009 كىچىك كوچا بار ....» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان 24 ماڭدام تەخمىنەن ھازىرقى 40 مېتىرغا، 12 ماڭدام تەخمىنەن 20 مېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

تەختەردىن پايتەخت كوچىسىنى بۇنداق چوڭ-كىچىك كوچىلارغا ئايرىپ لايىھىلەشتە، شەھەر قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىنى ۋە شەھەر ئىچىدىكى قاتناشنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان، كوچىلارنىڭ شۇنچىۋالا كەڭ ياسالغانلىقىدىن ئەينى چاغدىكى كوچىلارنىڭ قاتناش سىغىمچانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە خان سېپىلىنىڭ شىمالىغا ئۈچ يۈرۈش ئىمارەت سېلىنغان. خان شەھىرىنىڭ شەرقىي بىلەن خان شەھىرىنىڭ غەربىگە ئۆي-ئىمارەتلەر سېلىنىپ شەھەر رايونى بولغان. خان ئوردىسىنىڭ شەرقىدىكى خان ئىبادەتخانىسىدا فېئوداللار خان-پادىشاھلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراق قىلىنغان. خان ئوردىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەردە روھانىلار ئولتۇراقلاشقان. ئوردا شەھىرى ئىچىدىكى مەركىزى قەسىر بىلەن چوڭ ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەسىر پادىشاھ تۇرىدىغان جاي، يەنى شەرقىي شەھەر بىلەن غەربىي شەھەرنىڭ مەركىزى بولغان. ئۇنىڭ شىمالىغا جۇڭلۇ (سائەت بىناسى) ۋە گۇلۇ (دۇمباق بىناسى) دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئىمارەت سېلىنغان.

تەختەردىن مۇڭغۇل خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى ۋە مەركىزىي شەھىرىنى لايىھە-لەپلا قالماي، شەھەر قۇرۇلۇشى داۋامىدا كۈندىلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇستىلارنى تاللاش، ماتېرىيال تەييارلاش، يۆتكەش-توشۇشنى تەشكىللەش...... قاتارلىق ئىشلاردا قابىلىيەتلىك بىناكار ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايەن قىلغان. شۇڭلاشقا، قوبلايخان ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى، خان جەمەتلىرى تەختەردىن-نىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى تەبرىكلەشكەن③. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 125-جىلد «گاۋجۈياۋ تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «چىنخۇاداۋ قۇرۇلۇشى خەنزۇچە ئىمارەت شەكلىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ لايىھىلەن-گەن. غايەت زور قۇرۇلۇش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي شىمالدىكى مەلۇم بىر ئەلدىن كەلگەن ئەلچى: «بۇ قۇرۇلۇش خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى ئىمارەت بولۇپ قاپتۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق لايىھىلەندى؟...» دەپ سوئال قويغاندا، تەختەردىن

ئۇنىڭغا: «موڭغۇللار شىمالدا ياشىغان، چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن مىللەتتىدى، ئۇلار بۇ ئەلنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇردى. لېكىن ئەلنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئىدارە قىلالمايدۇ. قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئەلنى باشقۇرۇشتا ئەسلىدىكى شەكىلدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئۆيلىرى ئاددى، ئەمدى، بۇ ئەلگە ھۆكۈمران بولغان مەملىكەتكە ياراشمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى، بۇ مەسىلىنى ئەختەردىن ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ئۇ، «خان ئۈچۈن جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا ئوردا-قەسىر لايىھەلىدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى ماتېرىيالدىن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىناكارچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەختەردىننىڭ ئۈچەس تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەينى زاماندىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن «چادىر» دەپ ئاتالغان ①. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەختەردىن تايدۇ شەھىرىنى لايىھەلەشتىن ئىلگىرىلا ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى بىناكارچىلىق جەھەتتە شۆھرەت قازانغانىدى. ئەڭ دەسلەپ ئەختەردىننىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر بىناكارى ئىكەنلىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىن باشقا جايلاردا يەنە نۇرغۇن ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارنى لايىھەلەپ ياسىغانلىقى ھەققىدە تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى پېشقەدەم تارىخشۇناس چېن يۈەن ئەپەندى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «لىيۇن قىرائەتخانىسىدىكى كىتابلار ئەققىدە» دېگەن ماقالىسى (ئالىمنىڭ ماقالىسى 1934-يىلى يېزىلغان بولۇپ، «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىش ھەققىدە مۇھاكىمە» دېگەن توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن) دە، يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەرنى سالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىدۇ:

«ئومۇمەن بىر دەۋردىكى سەنئەتكارلارنى تەتقىق قىلغاندا، جەزمەن ئۇلارنىڭ بىناكارلىق مىراسلىرىنىمۇ قوشۇپ تەتقىق قىلىش لازىم. ئۇلار گەرچە خىلمۇ خىل سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە ئاجايىپ داڭدار خان ئوردىلىرىنى، قەسىرلەرنى ۋە باشقا خىلدىكى قۇرۇلۇشلارنى ياسىغان بولسىمۇ، تارىخنامىلاردا تەزكىرە قالدۇرۇلمىغان. ئەمما غەربىي رايونلۇقلارنىڭ بىناكارلىق يادىكارلىقلىرىدىن بۈگۈنكىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. ھەتتا بۇ ھەقتە بەزى خاتىرىلەرمۇ بار. مەسىلەن: كۇجيا يازغان «جەنۇبىي دېڭىز تەزكىرىسى» نىڭ 29-جىلدىدا گۇاڭجۇدىكى خۇەيشىن مەسچىتى ( [illegible] ) جۇرجىنىڭ 10-يىلى ياسال-

غانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات؛ ۋۇجيەن يازغان «فوجيەن تارىخى» (佛祖) نىڭ 7 - جىلدىدا چۈەنجۇدىكى مۇسۇلمانلار مەسچىتى جۈجەڭنىڭ 9 - يىلى ياسالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات: «شىخۇ كۆلىدىكى سەيلى - ساياھەت تەزكىرىسى» نىڭ 18 - جىلدىدا، خاڭجۇدا مۇسۇلمانلارغا ساۋاق بېرىدىغان مەسچىت يەنيۇ يىللىرىدا ياسالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات: «سىمىڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» (四明续志) نىڭ 10 - جىلدىدا، سىمىڭدا ئىككى جايدا مەسچىت بارلىقى، ئۇلار يەنيۇ يىللىرىدىن كېيىن ياسالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە خېلى كۆپ مەسچىت سېلىنغانلىقىنى، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىسلام دىنى ئېتىقادى خېلى روناق تاپقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يەنە «جىنجياڭ تەزكىرىسى» (镇江志) نىڭ 9 - جىلدى بىلەن «شىخۇ كۆلىدىكى سەيلى - ساياھەت تەزكىرىسى» نىڭ 16 جىلدىدا: «جىنجياڭدا ئىلىك ۋىن ئىبادەتخانىسىدىن 8 ى بار، خاڭجۇدا ئىلىكۇن ئىبادەتخانىسىدىن بىرسى بار، بۇ ئىبادەتخانىلار جىيۈەننىڭ 18 - يىلىدىن كېيىن ياسالغان» دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئائىدە - نىزاملىرى» (元典章) نىڭ 36 - جىلدىدا: «ياڭجۇدىكى كىرېست بەلگىلىك چىراكاۋ جىيۈەننىڭ 13 - يىلى ياسالغان» دېيىلگەن؛ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 38 - جىلدىدا: «گەنجۇدا كىرېست بەلگىلىك تۆت چىراكاۋ بار» دېيىلگەن. بۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خىرىستىيان دىنى ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر بولۇپ، ئۇ، خىرىستىيان دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي يالدامىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنە «فوجيەن تارىخى» نىڭ 7 - جىلدىدا: «شۈيجۇنىڭ خۇابياۋشەن تېغىدىكى ئۇچ مانى دىنى ئىبادەتخانىسى جىيۈەننىڭ 10 - يىلى ياسالغان» دېيىلگەن. بۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مانىستلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەختەردىن بېيجىڭ خان سارىيىنى لايىھىلەش ۋە ياساشتىن ئىلگىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسچىت - مەدرىسەلەرنىڭ ۋە خىرىستىيان، مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش ھەم ياساشقا قاتناشقان، چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ تىلغا ئېلىشىچە، ئەختەردىننىڭ قايسى مەسچىت ياكى ئىبادەتخانىنى لايىھىلەپ ياسىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ غەربىي رايون (ئۇيغۇر) ئۇسلۇبىدا لايىھىلەپ ياسىغان ئېھرام، ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى خېلى كۆپ ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئەختەردىن ئىسلام دىنى بىناكارلىقىدا داڭ چىقارغان لايىھەچى ۋە بىناكار، ئۇ ئەسلىدىكى بۇددا دىنى قائىدە - يوسۇن-

لىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ سېلىنغان تۈز تورۇسلۇق، بۇ تەكچىلىرى چىقىرىلغان ئەنئەنىۋىي بىناكارلىق سەنئىتى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنى قائىدىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نەقىشلىك، گۈمبەزلىك ۋە ئۈستىگە ئاي شەكلى چۈشۈرۈلىدىغان يېڭى شەكىلدىكى بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول ئاچقان. چېن يۈەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە، ئەختەردىنىڭ جۇڭگو بىناكارلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغ تۆھپىسىگە ناھايىتى يۈكسەك باھا بېرىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىمۇ تىلغا ئالغان ھەم چۈەنجۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى بىر نەچچە مەسچىت-مەدرىسىلەرگە ئەختەردىنىڭ تەرى سىڭگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئەگەر ئەختەردىن ئەسلىدىنلا كۆزگە كۆرۈنگەن لايىھەچى ۋە بىناكار بولمىسا، ئۇنىڭ تايدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىدىكى ھەشەمەتلىك خان-ساراي، قەسىرلەرنى لايىھەلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرەلىشى مۇمكىنمىدى؟

مانا بۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن ئەختەردىنىڭ تايدۇ (بېيجىڭ) غا كېلىشتىن ئىلگىرىكى بىناكارلىق ساھەسىدە ئوينىغان رولىنى ئايدىڭلاتۇرغىلى ۋە ئۇنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلماي قالغان تۆھپىلىرىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

(1) چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرىگە ۋە يولداش قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. ئۇنىڭدا ئەختەردىنىڭ ئۇيغۇر نەسلىدىن كېلىپ چىققانلىقى يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان.

(2) بەي شۇيى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «خۇيزۇ ئەربابلىرى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابقا قاراڭ. نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل 7-ئاي نەشرى.

(3) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 8-جىلد «شىزۇ (قۇبلايخان) زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 5-قىسىم.

(4) قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 253-بەتكە قاراڭ.

(5) ئېلىكۇن — يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان خىرىستىيان دىنىنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە 也里可温 دېگەن خەت بىلەن يېزىلىدۇ. موڭغۇلچە مەنىسى «بەخت قۇشى بار ئادەم» دېگەنلىك بولىدۇ. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە-مىزانلىرى» بىلەن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەزى خاتىرە مۇنارلىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭ.

## ئادىل ئەمەلدار ۋە پاك نىيەتلىك ئالىم — شەمشىددىن

(1)

شەمشىددىن (يۈەن سۇلالىسى تارىخىدا ئىسمى خەنزۇچە مەنبەلەردە «赡思» دەپ يېزىلغان). يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن ئالىم بولۇپ، ئۇ، كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ۋە مۇستەقىل سىياسىي كۆز قاراشقا ئىگە بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 190 - جىلد «شەمشىددىن تەرجىمىھالى» دا كۆرسىتىلىشىچە، شەمشىددىننىڭ تەخەللۇسى دېجۇ (得之) بولۇپ، ئۇ، ھىجرىيەنىڭ 14 - يىلى (مىلادى 1277 - يىلى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسى لۇكۇن (鲁坤) XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەمەلدار قىلىشقا يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلار قاتارىدا كۆچۈپ كېلىپ دەسلەپتە فېڭجۇ (丰州) ئوبلاستىدا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ تۇكتوىدا) ئولتۇراقلاشقان. ئوگدايخان دەۋرىدە جېندىڭ (بۈگۈنكى خېبېينىڭ جېندىڭ ناھىيەسى)، جىنەن قاتارلىق ناھىيە، ئوبلاستلارنىڭ باج ئەمەلدارى بولغان ھەم خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

شەمشىددىننىڭ دادىسى غوجى (斡直) بولسا ئەينى زاماننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلىرىدىن بولۇپ، ئۇ، دەسلەپتە ئوردا كاتىپى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەنشى مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، جېجياڭ مەمۇرى ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، جاڭنەن رايونى (چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار) نىڭ مۇئاۋىن تەپتىش ئەمەلدارى ۋە ئوردا كاتىبات مەھكىمىسىنىڭ مىرزا بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھىجرىيەنىڭ 11 - يىلى (مىلادى 1351 - يىلى) 74 يېشىدا ئالەمدىن ۋاپات بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىناۋەتدار تۆرە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مۇئەككىلى، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ۋە خىگشەننىڭ ساداقەتمەن ئامبىلى قاتارلىق ئۇنۋانى بار ئىدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا بارلىق ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى قاتنىشىپ تۇرغان، دەپنە مۇراسىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن①.

شەمشىددىننىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى شەمسەلدىن (Shamsal-Din) بولۇپ، كېيىنچە شەمشىددىن (赡思丁)، شەمشى (赡思) دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتالغان (شەمشىددىن ئىچكى ئۆلكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە

ئىسمى بارغانچە ئاددىيلىشىپ ۋە قىسقىراپ، ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن). ئۇ، ئۈسمۈرلۈك ۋاقتىدا تىرىشچان، زىرەك ھەم سۆزمەن بولۇپ، كۆپلىگەن كىلاسسىك كىتابلارنى ئوقۇغان. دادىسىدىن تەلىم ئالغان. توققۇز ياشقا كىرگەندە كۇڭزىچىلار تەلىماتى ۋە دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىپ، خاتىرە قالدۇرالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ①. 12 ياشقا كىرگەندە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى ۋاڭ سىليەننى ئۇستاز تۇتۇپ پەننى ۋە دىنى بىلىملەردىن تەلىم ئالغان. مۇھىمى، شەمشىدىننىڭ ئاتىسى غوجى شۇ زاماننىڭ داڭلىق مۆتىۋەر زىيالىيسى بولغاچقا، شەمشىدىننىڭ بىلىم ئېلىشقا ياخشى تەسىر بەرگەن ھەم ئۇنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ قورامىغا يەتكىچە كۇڭزى دەستۇرلىرىغا كامىل بولۇپ يېتىشىپ چىققان. يەنيۇ يىللىرى (مىلادى 1314 — 1320 - يىللار) نىڭ دەسلەپكى كەلگەندە، ئوردىدىن كېجۈي ئىمتىھانى ئېلىپ، ئۆتكەنلەرنى مەنسەپكە تەيىنلەش ھەققىدە پەرمان چىقىرىلغان. بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر شەمشىدىنگە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ بېقىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلدار بولۇشنى خالىماي، قەلەمكەش بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. تەيدىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1326 - يىلى) قانۇن ئەمەلدارى گوسىجېن، كاتىبات ئەمەلدارى لىيۇسەي ۋە سىياسى ئىشلار ئەمەلدارى ۋاڭ شىشى قاتارلىقلار شەمشىدىننى ئەمەلدارلىققا تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇقىرى پايتەخت (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى جەڭلەنچى) كە چاقىرتىلغان ۋە لوڭخۇتەي راۋىقىدا تەيدىڭ خان بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك دۆلەتشاھ ( 倒剌沙 ) ئەمەلدارلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇھىم ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، غەربىي رايونلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى ئارقا تىرەك قىلغان. ئەمما شەمشىدىن بۇ ناتوغرا يولدا ماڭمىغان. دۆلەتشاھ كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ «توغقان بولۇش» نى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلغان. تيەنلىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1330 - يىلى) شەمشىدىن ئوردىغا چاقىرتىلىپ، خەنلىن مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1332 - يىلى ۋېنزۇڭ خان شەمشىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن. سۆھبەت جەريانىدا شەمشىدىن بەرگەن بەزى تەكلىپ پىكىرلەر خېلى ئورۇنلۇق ھەم پايدىلىنىش قىممىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، خان ئۇنى 500 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلىغان ۋە ئۇنى «دانىشمەنلەر كامالەتخانىسى» ( 集贤院 ) غا ئورۇنلاشتۇرغان. شەمشىدىن «خان - پادىشاھلارنىڭ كۆڭلىدىكى چارە» ( 帝王心法 ) ناملىق كىتابنى يېزىپ، ۋېنزۇڭ خانغا تەقدىم قىلغان. بۇ كىتابتا، دۆلەت باشقۇرۇشقا دائىر چارە - تەدبىرلەر بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە مەدەنىيەت

جۇملىدىن كۇتۇپخانا، تارىخ يېزىش، داڭلىق شېئىرلارنى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى توپلاش، قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، ھۈسنىخەت، رەسىم قاتارلىقلارنى توپلاپ تۈرگە ئايرىش، دىراما باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىش، قەدىمكى تارىخنامىلارنى ۋە تارىختا ئۆتكەن خان - پادىشاھلارنىڭ ھاكىمىيەت باش-قۇرۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق ئىش-لارنى يۈكسەلدۈرۈشكە دائىر قىممەتلىك تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋېنزۇڭ خان مەزكۇر كىتابقا يۇقىرى باھا بەرگەن ھەم ئۇنى كۆپەيتىپ كۆچۈرۈپ، ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلاشقا يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ دەل ھەرقايسى جايلار-دىكى ئالىم - ئۆلىمالار پايتەخت تايدۇ (大都) غا يىغىلىپ، خان يارلىقىغا ئاساسەن «كىلاسسىك قامۇسنامە» (经世大典) نى يېزىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى، شۇڭا خاننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شەمشىدىنمۇ بۇ غايەت زور ئەسەرنى يېزىشقا قاتناشقان. جىرشۇننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1333 - يىلى) غا كەلگەندە ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى گوزىجيەن [1] دە ئەڭ ئالىي ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان.

جىيۈەننىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1336 - يىلى)، شەمشىدىن 60 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە خان يارلىقىغا يۈز كېلەلمەي، شەنشى مەمۇرىي ئۆلكىسىنىڭ باش تەپتىش ئەمەلدارلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ۋاقىتتا، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئىچىدە ھوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان گۇرۇھۋازلىق، نەپسانىيەتچىلىك كۈرىشى چېكىگە يەتكەن، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا قەھەتچىلىك ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ خەلقنىڭ قارشىلىقى كۈچەيگەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما تەخت ۋارىسى — يۈەن شۇندى (ئەسلى ئىسمى توخاي تۆمۈر) ئوردا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلگەنىدى. شۇڭلاشقا ئەمدىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن شەمشىدىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى ۋە ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئۆكۈنگەن ھەم دەرھال ئوردا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالماسا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىپ، ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، پادىشاھ يۈەنشۇندىگە تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى بەرگەن: «ئاتا - بوۋىسىنىڭ قانۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھوقۇقنى قالايمىقان بەرمەسلىك. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىنتىزامىنى ياخشىلاش. ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ۋە تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى ھۆرمەتلەش، مەشھۇر زاتلارنى ئاسراش. سۆز ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش، كېچۈي [2] تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جازا ماددىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جازا قوراللىرىنى ئازايتىش، ئادىل ۋە كەڭ

قورساق بولۇش» ⑦. ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار ئوردىغا بۇنداق تەكلىپلەرنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ھەتتا ۋەزىرلەر ئىچىدىمۇ بۇنداق تەكلىپلەرنى بېرەلەيدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بەزىلەر «ۋەزىر-ۋۇزۇرالار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلەرنى شەمشىدىن ئاشكارا ھالدا ئېيتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئەسلىدە ۋەزىرلەر دېيىشكە تېگىشلىك ئىدى ......» ⑧ دېيىشكەن.

بۇ ۋاقىتلاردا چاڭجياڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى راڭ، خەن رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن پۇخرالارنىڭ مەسىلىسى كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان بولۇپ، نەچچە مىڭ ئائىلىلىك كۆچمەنچىلەر شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلىدىكى جاۋشى مەھكىمىسىگە تەۋە جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم ئۇلار بۇ جايدا شەخسىي تۇزكانلىرىنى ئېچىپ، يۈەن سۇلالىسىغا تەۋە تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان بۇزۇپ چاچقان. شەمشىدىن بۇ ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن دەرھال ئوردىغا مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە ئىشنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا تەكلىپ بېرىپ: «كۆچمەن پۇخرالارنى ئەسلىدىكى جايلىرىغا كۆچۈرۈش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. يەرلىك بايۋەتچە مۇتەھەملەرنىڭ نىيىتى يامان. ياخشىسى، ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ كۆچمەنچىلەرنى شۇ جايغىلا ئورۇنلاشتۇرساق ......» ⑨ دېگەن. ئوردا شەمشىدىننىڭ يۇقىرىقى تەكلىپىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئۇ جايدا جارچى سىلاق مەھكىمىسى (宣抚司) ⑩ تەسىس قىلىپ، نۇرغۇن ئىشسىزلارنى بوز يەر ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

شەمشىدىن خەنجۇڭ (بۈگۈنكى شەنشىدىكى خەنجۇڭ)، لۇڭشەن (بۈگۈنكى شەنشىدىكى لۇڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى جايلار)، سىچۈەن، يۈننەن قاتارلىق جايلارغا تەپتىش بولغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار ئوردا پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان، ھەتتا بەزى ئەمەلدارلار سۇلالىگە تەئەللۇق بولغان قۇللارنى، يەرلەرنى ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆز ئىگىلىكىگە ئېلىۋالغان. بۇ ۋاقىتتا شەمشىدىن ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ھەر قايسى ئوبلاست ۋە ناھىيىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ پۇخرالاردىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق پارىخور، مۇتەھەم، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازاغا تارتقان ھەم ئوردىغا ۋەكالىتەن نەچچە ئون جاھىلنىڭ مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىغان ⑪. بىگۇنا جازاغا تارتىلغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ مال - مۈلۈكىدىن ئايرىلغان پۇخرالارنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە بەزى خىيانەتچى مۇشتۇمزورلار شەمشىدىننىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، باشقا ۋىلايەتلەرگە قېچىپ كەتكەن. بەزىلىرى يوشۇرۇنغان.

ئەمما شەمشىدىن ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ تېگىشلىك جازاغا تارتقان. بۇ جايلاردىكى پۇخرالار شەمشىدىننىڭ ئادىل يول تۇتۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقىدىن رازى بولۇپ ئۇنى «ئادىل ئەمەلدار» دەپ ئاتاشقان.

جۇيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1336 - يىلى) شەمشىدىن ئوردىغا چاقىرتىلىپ، 500 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلانغان ھەم ئوردىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇزۇن مۇددەتكىچە تىزگىنلەنمەي كەلگەن جېشى رايونى (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسى، شاڭخەي شەھىرى، جياڭسۇنىڭ جىنجياڭ شەھىرى ۋە جىڭيۇن، يۈشىڭ قاتارلىق جايلىرى) غا تەپتىش ئەمەلدار بولۇپ بارغان. بۇ رايون ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقان، تۈرلۈك ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن جاي ئىدى. شەمشىدىن ئۇ جايغا بارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال قۇرۇقلۇق قاتنىشى، دېڭىز قاتنىشى ئەمەلدارلىرى تۇمەنبېشى، سىياسى، مەمۇرى ئەمەلدارلار بىلەن خۇپىيانە ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق ۋە دۆلەت مۈلكىنى شەخسىي مۈلۈكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە بۇ ئىشقا چېتىشلىق 127 ئەمەلدارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. پارىخورلاردىن 80 مىڭ تىزىقتىن كۆپرەك پۇل تۆلىتىۋالغان، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكى قايتۇرۇۋېلىنغان. دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە باج - سېلىق ئېلىش يولغا قويۇلغان. قۇرۇقلۇق قاتنىشى ۋە سۇ قاتنىشىنىڭ كىرا ھەققى مۇقىملاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىدە مۇقىملىق ۋە ياخشىلىنىش بارلىققا كېلىپ، تىنچ مۇھىتتا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان ①.

شەمشىدىن ئەدلىيە ۋە تەپتىش ئەمەلدارى بولغان مەزگىلدە نۇرغۇن ناھەق ھۆكۈملەرنى قايتا تەكشۈرگەن ھەم خېلى كۆپ پۇخرالارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. بەزىلىرىنى گۇناھسىز دەپ تۈرمىدىن چىقىرىۋەتكەن. جازا ھۆكۈمىنى يېنىكلىتىشنى، جازا قوراللىرىنى ئىشلەتمەسلىك ياكى ئاز ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. تۈرمە بېگى ۋە گۇندىپايلارنىڭ پۇخرالارنى بوزەك قىلىشى ۋە پارا ئېلىشىنى چەكلەپ، ئادىل ئىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەينى ۋاقىتتا جىڭتاۋنىڭ شيەننىڭ (بۈگۈنكى چاڭئەن ناھىيىسى) ئايىمىقىدا بىرسىنىڭ ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك ئەنزىسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما قاتىل قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغان. شەمشىدىن بۇ ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈپ قاتىلنىڭ پارا بېرىش ئارقىلىق جازاغا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە قاتىلغا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن كېسىم ئىشلىرى ئەمەلدارى قاتىلنى يەنە قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى «گۇناھسىز» دەپ ئاقلاپلا

قالماي، بەلكى شەمشىدىنگە «سەن قانۇننى بىلمەيدىكەنسەن ؟!» دەپ دوق تەككەن.
شەمشىدىن پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرى كىيىم ئىشلىرى ئەمەلدارى ۋە
ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پارىخورلار گۇرۇھى ئىكەنلىكىنى پاش قىلىش ئارقى-
لىق ئۇز رەقىبى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن ⑬.

شەمشىدىن خېلى خەلقپەرۋەر، ئادىل ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ، ئۇمۇرىنىڭ يېرى-
مىدىن كۆپرەكىنى خەلق ئارىسىدا، تۆۋەن قاتلام ئېزىلگۈچىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈز-
گەنلىكى ئۈچۈن، پۇخرالارنىڭ دەرت- ئەھۋالىنى ئوبدان چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ،
ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە پۇخرالارغا پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ھەم ئۇلار
ئۈستىدىكى يۈكنى ئىمكانقەدەر يېنىكلىتىشكە تىرىشقان. ئۇ جېشى (بۈگۈنكى جياڭسۇ
جېجياڭ، ئەنخۇي ۋە جياڭشى تۆت ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا تەپتىش ئەمەلدارى
بولغاندا ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ بىر قىسىم ئالىي راھىبلىرى
ئىبادەتخانا مۈلكىنى (يەر - سۇ، تۇرالغۇ جايلارنى) ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىنىڭ سىرتىدا،
ئالىپلاردىن خۇپىيانە ھەق ئالغانلىقىنى، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ يەرىبجى ۋەئالۋان-
سەيسىلىرىنى ئالىپلارغا مەجبۇرى يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەت-
كەنلىكىنى، ئالىپلار ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. شۇڭ
لاشقا شەمشىدىن ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، « بىر قىسىم ئالىي راھىبلارنى ئۆزيۇرتلىرىغا
قايتۇرۇش، ئۇلارغا باج ئېلىنمىدىغان يەر - سۇ بېرىش، تىرىكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاش-
تۇرۇش» نى تەكلىپ قىلغان. ئوردا ئۇنىڭ پىكرى بويىچە يارلىق چۈشۈرگەن. شۇن-
دىن كېيىن ئالىپلارنىڭ يۈكى خېلى زور يېنىكلىگەن ⑭.

II

شەمشىدىن پاك نىيەت، ئادىل ۋە خەلقپەرۋەر ئەمەلدار بولۇپلا قالماي، بەلكى
ئۆز زامانىسىدا ھەر تەرەپتىن پۇختا يېتىشكەن كامىل ئالىم ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى
تارىخى» 190 - جىلد «شەمشىدىن تەزكىرىسى» بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا
ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلەرنىڭ بىئوگرافىيىسىگە ئائىت بايانلارغا قارىغاندا، شەمشىدىن
ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ ناھايىتى كۆپ
ئەسەرلەرنى يازغان. بولۇپمۇ، «بەش نوم تەپەككۇر سوئاللىرى» (五经思问)، «تۆت
كىتابتىكى سەھۋەنلىك ئۈستىدە گۇمان» (四书阙疑)، «لاۋزى، جۇاڭزى تەلىمات-
لىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» ([illegible]) «جىن ئىيزۇڭ تېغىرىسىدا خاتىرە» ([illegible])
«جېگدا يىللىرىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ( [illegible] )، «چىنياڭنىڭ
تەبىئى شارائىتى ھەققىدە خاتىرە» (颍阳风土纪) ، «دۇڭياڭ تەپسىراتىنىڭ داۋامى»

(西域异人传)، «غەربىي دىيارلىق يات ئايىپلارنىڭ تەرجىمىھالى» (续乐东志)، «غەربتىكى ئەللەرنىڭ رەسىملىك تەپسىراتى» (西国图经)، «تەپتىشلىكتە بىلىشكە تېگىشلىك سىر» (审听要诀)، ۋە «دەريا مۇداپىئەسى ھەققىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» (河防通议) دېگەن ئەسەرلىرى ئىلىم ئەھلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

«بەش نوم تەپەككۇر سۇئاللىرى» ناملىق ئەسەر بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددىزىم دۇنيا قاراشلىرى، نىرۋاناغا يېتىش يوللىرى بايان قىلىنغان ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر سۇئاللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ تىلغا ئالغان «بەش نوم» لىڭ ئىسمىلىكى بىزگە مەلۇم بولمىغاچقا، شەمشىدىننىڭ بۇ ھەققە يازغان ئەسىرىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشقا ھازىرچە ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. «تۆت كىتابتىكى سەھۋەنلىك ئۈستىدە گۇمان» ناملىق ئەسەردە كۇڭزىچىلارنىڭ ئەقىدىسى بايان قىلىنغان ۋە «مۇھاكىمە ۋە بايان» (论语) قاتارلىق كىتابلاردىكى سەھۋەنلىكلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ھەمدە بۇ ھەقتىكى توغرا ئىلمىي كۆز قاراشلارنى شەرھلەپ بەرگەن. «لاۋزى، جۇاڭزى تەلىماتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق ئەسەردە لاۋزى بىلەن جۇاڭزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ كۆز قاراشلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

«جىن ئەيزۇڭ توغرىسىدا خاتىرە» ۋە «جېڭدا يىللىرىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق بۇ ئىككى ئەسەردە ئاپتور ئۆزى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ۋەقەلەرنى بايان قىلغان. بولۇپمۇ بۇ ئىككى ئەسەردە جىن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئون يىللىق تارىخى بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش يوللىرى راۋانلاشقان ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە خېلى كۈچەيگەن بولغاچقا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، دىنىي تارقاتقۇچىلار، سودىگەرلەر، ھەربىي ئەمەلدارلار، بىلىم ئەھلىلىرى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە، جۈملىدىن پايتەخت تايدۇغا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى، ئۆز ئارا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. شەمشىدىن مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ «غەربىي دىيارلىق يات ئايىپلارنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەر بىلەن «غەربتىكى ئەللەرنىڭ رەسىملىك تەپسىراتى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئىككى ئەسەردە، غەربىي رايوندىن كۆچۈپ بارغان مەشھۇر شەخسىيلەرنىڭ پائالىيىتى، كەسپى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. شەمشىدىن يەنە «جىنياڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەققىدە خاتىرە»، «دۇڭپياڭ تەپسىراتى

نىڭ داۋامى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، بەزى شەھەر - يېزىلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شەمسىددىن ياشىغان دەۋردە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى دۆلەت ۋە خەلققە نىسبەتەن چوڭ بىر بالايى-ئاپەت ئىدى. چۈنكى، ھەر يىلى ياز پەسلىدە دەريا سۈيى تاشقاندا نەچچە مىڭلىغان پۇخرالارنى، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى ۋە ئاشلىق، زىرائەتلىرىنى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتاتتى. ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭ ئادەم ئات - ئۇلاقلىرى بىلەن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ھاشىرىدا ئىشلەيتتى. ھاشار جەريانىدا، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلار ئۆلۈپ كېتەتتى، دېھقانچىلىقمۇ زورزىيانغا ئۇچرايتتى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپىتىنى تونۇپ يەتكەن شەمسىددىن ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي جىڭجىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1321 - يىلى) «دەريا مۇداپىئەسى ھەققىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» ناملىق بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەلكۈنىگە قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا توپلىغان مول تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن ۋە شۇ ئاساستا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيىنى تىزگىنلەشكە دائىر بىر يۈرۈش چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەمسىددىن ئۆمرىدە 30 نەچچە كىتاب يازغان بولسىمۇ، ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەتلا بەش پارچە ئەسىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار «چاڭشەندىكى جىنشى تەپسىراتى» (常山贞石志) ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. شەمسىددىننىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1971 - يىلى ۋاپات بولغان ھازىرقى زامان تارىخشۇناسى چېن يۈەن ئەپەندى شەمسىددىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە بۇ ئەسەرلەرگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئىزاھاتلار:

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 190 - جىلد، «شەمسىددىن تەزكىرىسى».

بى فەنگبىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆكزىپچىلار ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە» 2 - جىلد.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 86 - جىلد «ئەمەلدارلار تەپسىراتى» 2 - قىسىم.

«كىلاسسىك قامۇسنامە» جۇزىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1331 - يىلى) يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ 19 مىڭ 460 جىلدتىن تەركىب تاپقان، تەپسىلاتىنى «نۇك يانۇس» (قەدىمكى زامان تارىخى قىسمى) نىڭ 406 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑦ گوزىجيەن — غەربىي جىن سۇلالىسى شيەننىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 276 - يىلى) تەسىس قىلىنغان دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئوقۇتۇش ئورنى ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ گوزىجيەنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ گوزىجيەنى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. تەپسىلاتىنى «ئوكيانۇس» (قەدىمكى زامان تارىخى قىسمى) نىڭ 155 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑧ كېجوي تۈزۈمى — فېئودال خاندانلىقلارنىڭ ئەمەلدار قوبۇل قىلىشتىكى ئىمتىھان تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىلاتىنى يۇقىرىقى كىتابنىڭ 197 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

1 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

⑨ 4 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

⑩ شۈەنفۇسى — ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا تەسىس قىلىنغان مەھكىمە نامى. تەپسىلاتىنى «ئوكيانۇس» نىڭ 160 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑪ ⑫ ⑬ ⑭ سۇڭ ليەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 8 - جىلد.

⑮ دۇڭيالىڭ — بۈگۈنكى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

## دىيانەتلىك ئەدىب — كۆكۆن

كۆكۆن (يۈەن سۇلالىسىغا دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 克恭 دەپ يېزىلغان، بەزىدە مەرتىۋىسى ۋە ئابرۇيىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدىغان 公 خېتى قوشۇپ يېزىلغان) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايون (شىنجاڭ) دىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ ئائىلىسى دەسلەپتە داتۇڭدا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) دا ئولتۇراقلاشقان. كۆكۆننىڭ ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار دىڭ ۋېنيۈەن يازغان «باشى توپلىمى» (巴西文集) دا خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

(1)

كۆكۆننىڭ دادىسى جاپۇ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شېئىرىيەت، تارىخ ۋە تەبىئىي پەنلەرگە قىزىققان ۋە بۇ جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. قۇبلايخان ئۇنى كۆپ قېتىم ھوزۇرىغا چاقىرتىپ ئەينى

ۋاقىتتىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن. قۇبلايخان ئۇنىڭغا ئەمەلدار بولۇش تەكلىپىنى بەرسە، كوكۇن ئالىمى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رەت قىلغان. كوكۇننىڭ قولىدا يېتىشىپ چىققان شائىرلار ئۇنى «ئۇزۇن ساقال جاڭجۇ ئۇستازى» دەپ ئاتىغان.

كوكۇن مىلادى 1248 - يىلى خازىرقى خېبېينىڭ شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا دادىسىدىن تەلىم ئالغان. كۆپلىگەن كىلاسسىك كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە شېئىر يېزىش، رەسىم سىزىشنىمۇ ئۆگەنگەن. يۈەن سۇلالىسى جىيۈەندە-نىڭ 12 - يىلى (مىلادى 1275 - يىلى) ئۇ سانائەت مەھكىمىسى (بۇ ۋاقىتتىكى سانائەت مەھكىمىسى بىناكارلىق، سۇغۇرۇلۇشى ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى)نىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار بول-غان. 2 - يىلى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈم-رانلىقى ئاستىغا ئۆتكەندىن كېيىن، شىكتە يامىك ئەمەلگە تەيىنلىنىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن تەپتىشلىك قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. شۇندىن باشلاپ جىيې جېنيالىق فۇجيەن، جياڭشى ۋە خۇنەن، جياڭسۇ، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلەپ، ئۇ جايلاردىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى پارىخور، جازانىخورلارنى ھەم يەر - چارۋا، قۇللارنى شەخسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنى قاتتىق جازاغا تارتقان. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنماي، ئۆزبەگ، ئۆزخان بولۇۋالغان بىر قىسىم يەرلىك مۇتەئەسسىپلەرنى ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، 500 مىڭ تىزىق پۇل قىممىتى-دىكى مال - مۈلكلىرىنى مۇسادىرە قىلغان. شۇڭا، قۇبلايخان ئۇنى ئوردىغا چاقىر-تىپ، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن، سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنى 2 مىڭ 500 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلىغان ۋە داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاشنى تاپىلىغان. چۈن-كى، جەنۇبىي جۇڭگودىكى رايونلار ئەمدىلا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن تارتى-ۋېلىنغان بولغاچقا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سۇڭ سۇلالىسىدىن ئەل بولغانلار ئىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا پۇقرالارنى بوزەك قىلىش، ھەق-سىز ئىشلىتىش، باج - سېلىقلارنى ئېغىرلىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مال - دۇنيا توپلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. كوكۇن تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ بارغاندىن كېيىن، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، مۇتەئەسسىپلەر، مۇشتۇمزورلار، خىيانەتچى، پارىخورلار جازاغا تارتىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا شارائىت يارىتىلغان. جىيۈەننىڭ 16 -

يىلى (مىلادى 1279 - يىلى) كۆكۆن خان يارلىقىغا ئاساسەن خېنەنگە باش تەپتىش بولغان. جۇيۈەننىڭ 25 - يىلى (مىلادى 1288 - يىلى) خېنەنگە مالىيە ئەمەلدارى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ساڭگې (桑哥) ئابرويلۇق، تەسىر دائىرىسى زور بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلارنى، جۈملىدىن شۇ قاتاردا كۆكۆننىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ، مالىيىنى قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولغان. ھەتتا بەزى پارىخورلارنى مەنسەپكە قويغان. كۆكۆن بۇ ئەھۋاللارنى ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، يۇقىرىدىن ئادەم ئەۋەتىپ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتقان ھەم ئۆزىمۇ مالىيە جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرغان.

دادېنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1302 - يىلى) كۆكۆن ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمەلدارى بولغان. ئىككىنچى يىلى خېدۇڭ (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى ۋە خۋاڭخېنىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم جايلار) رايونىدا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن، بولۇپمۇ پىڭياڭ (بۈگۈنكى لىنپىڭ، خوتۇڭ، فۇشەن، خۇشەن، پىنشى، ئەنىزىي قاتارلىق جايلار)، تەييۈەن قاتارلىق جايلاردا قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىكى ئۈچۈن ئاپەت ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر بولغان. بۇ ۋاقىتتا كۆكۆن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى قۇتقۇزۇشقا مەسئۇل بولۇپ بېرىپ، ئادەم قۇتقۇزۇش، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى ۋە مال-مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

دادېنىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1304 - يىلى) كۆكۆن جازا مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا يۆتكەلگەن. بۇ ۋاقىتتا بەزىلەر ھەربىي غەللە-پاراق ئەمەلدارىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنى جازاغا تارتقۇزغان. كۆكۆن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇ ئەنزىنى ئۆزى قولغا ئېلىپ ئىشلەپ، ئاخىرى بۇ ئەنزىگە شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. شۇڭا ئۇ شىكايەت قىلغۇچىلارنى ئەيىبكە بۇيرۇپ، قارىلانغان ئەمەلدارنى ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە قويغان. بۇ ئەھۋال ئوردا ئىچىدە بەس-مۇنازىرە قوزغىغان بولسىمۇ، كۆكۆن ئۆز تەشەببۇسىدىن يانمىغان.

دادېنىڭ 9—10 - يىللىرى (مىلادى 1305 -، 1306 - يىللار) ئۇ دامىڭ (بۈگۈنكى خېبېي ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلار) غا باش ئىش بېجىرگۈچى بولغان. جۇدانىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1310 - يىلى) 2 - ئايدا ھازىرقىنى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېلىپ، دىۋان بېگى بولغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ بېيجىڭنىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىكى ئۆيىدە 63 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ دەسلەپتە

ساۋ(Ⅷ) جەمەتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولسى-
مۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرمىگەن. كېيىن ليۇ (Ⅸ) جەمەتىدىكىلەر-
نىڭ قىزى بىلەن تويى قىلىپ بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆر-
گەن. ئوغلى چوڭ بولغاندا يۇرتى كۇنتۇپچا نىڭ ئەمەلدارى بولغان. قىزى-
نى چيۇدىخاردىن ( 亦福的哈尔鲁丁 ) نىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا ( 乌苗部剌 ) غا يات-
لىق قىلغان. ئەبەيدۇللا يۈەن سۇلالىسىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان.
(٤)
دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۇكۇننى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى
ئىچىدىكى پاك، دىيانەتلىك ئەمەلدار دېيىشكە بولىدۇ.

(2)

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، كۇكۇن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا رەس-
ساملىققا ئىشتىياق باغلىغان ھەم بىر مەزگىل تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملارنىڭ
كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. كېيىن زامانداش رەسساملارنىڭ يېتەكلىشى
بىلەن رەڭ تەڭشەش، ئۆلچەپ سىزىش، بوياق بېرىش، تەقلىدىي سىزىش قا-
تارلىق تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بىر قاتار مەشغۇلاتلارنى مۇستەقىل بىر تە-
رەپ قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئاندىن قولغا قەلەم ئېلىپ رەسىم سىزىش-
قا كىرىشكەن. دەسلەپتە ئۇ شىمالىي جۇڭگو رەسساملىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋەكىللىرى دەپ
قارىلىپ كەلگەن لى سىشۈن بىلەن لى شاۋداۋ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ مەنزىرە
تەسۋىرچىلىك ئۇسلۇبىنى راۋاجلاندۇرۇپ يېتىشقان بولسا، كېيىنچە جەنۇبىي
جۇڭگو مەنزىرە كەشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋاڭ ۋېي، مىدى ۋە
مى يۈرېن قاتارلىقلارنىڭ مەنزىرە كەشلىك ئۇسلۇبىنى يېتىشقان، بولۇپمۇ ئۇ جە-
نۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان بولغاچقا،
ئۇ جايلاردىكى مەنزىرىلىك تاغ - دەريالار كۇكۇننىڭ نەزىرىدىن ساقىت
بولغان ئەمەس. كۇكۇننىڭ بۇ ۋاقىتلاردا سىزغان مەنزىرە رەسىملىرىدىن
«تۈندىكى تاغ سۈرىتى» (夜山图)، «چيۇشەن تېغىدا كۆكۈم» (秋山[illegible]图) ۋە
«چىڭشەن تېغىدىكى ئاق بۇلۇت سۈرىتى» (青山白云图) قاتارلىقلار داڭلىق
بولۇپ، ئەينى زاماندىكى يۈەن سۇلالىسى شائىرلىرى تەرىپىدىن گۈزەل مىسرالار
بىلەن مەدھىيىلەنگەندى.

كۇكۇننىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنى ۋە مەش-
ھۇر تارىخىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئاساسىي كۆرۈنۈش قىلىپ سىزغان ئە-

سەرلىرى ئۆز زامانىسىدىلا شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەخسۇس رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەمەس. بەلكى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا رەسىم سىزغان. ئەمما كۆكۆننىڭ رەسىملىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ۋە باشقىلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن.

(3)

كۆكۆن مەشھۇر مەنزىرە رەسسامى بولۇپلا قالماي بەلكى شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ خېلى شۆھرەت تاپقان داڭلىق شائىر ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇسىلى مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى نەزمىلىرىدىن تاللانما» 2-توپلام C قىسمى (顾嗣立编《元诗选》二集丙集) دا، كۆكۆننىڭ شېئىرى تەپەككۇر قابىلىيىتى يۇقىرى، قەلىمى كۈچلۈك، ھېسسىياتقا باي، تەسۋىرلەش دائىرىسى كەڭ ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرىنى، مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرىنى، مەشھۇر تارىخىي جايلارنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. كۆكۆن تەسۋىرلەش ۋاسىتىسى جەھەتتىن لىرىك شېئىر ئۇسلۇبى بىلەن تەسۋىرىي شېئىر ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، كىتابخانلارنى مەھلىيا قىلىش كۈچى كۈچلۈك شېئىرلارنى يازغان. شۇڭلاشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىبلەر ئۇنىڭغا «مەنزىرىنىمۇ رەسسام، تەسۋىرلەشتە شائىر» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرى «تەرىقەتخانىغا مۇقەددىمە»، «ۋۇشىشەن تېغى خاتىرىسى»، «گۇيياڭ ② دىن ئۆتكەندە»، «شىنجۇ ③ دىن ئۆتكەندە»، «جىڭكو ① دىن ئۆتكەندە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا بۇ شېئىرلار يۈەن سۇلالىسى تەسۋىرىي شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان بولۇپ، كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ شېئىرىيەتچىلىكىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ شېئىرلار ئۆز زامانىسىدا خاتىرىلەردىن-ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

شائىر كۆكۆن ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر تارىخىي جايلارنى تەسۋىرلەپ «يەنە پەيخۇڭ راۋىقى»، «بولۇتلۇق تاغ راۋىقى كۆزگە چېلىققاندا»، «دوستۇمغا ئامانەت» قاتارلىق شېئىرلارنى ۋە «يۈياڭ راۋىقى»، «گۈەن خانىمنىڭ بامبۇك كاتىكى سۈرىتىگە مۇقەددىمە» (题管夫人竹窝图)، «قەھرىمانلارغا تەقدىم» (赠奕上人)، «تۈندىكى تاغ سۈرىتى» (夜山图) ...... قاتارلىق

شېئىرلاردىن يازغان. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب، كۇسېلى، تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 2 - توپلام C قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئومۇمەن، كۆكۈنىڭ يۈەن سۇ-لالىسى تېنىرىخىدا ئويناغان رولى خېلى چوڭ بولۇپ، موڭغۇل خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان.

ئىزاھاتلار:

---

① «باشى توپلىمى». بېيجىڭ پېداگوگىكا داشۆسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنى-ۋاتقان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخا.

② گۇيياڭ — بۈگۈنكى خېنەندىكى خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبى، جوگەن دەرياسىنىڭ ۋە شەرقىي خۇبېينىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ شىنجۇ — بۈگۈنكى سىچۇەندىكى ۋەنشيەن شەھىرىنىڭ شەرقى، چاڭجياڭ-نىڭ جەنۇبى، ۋە شىمالىي ھەمدە داتىڭخې دەرياسى ۋادىسى شۇنداقلا خۇبېينىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

④ جىڭكو — بۈگۈنكى جياڭسۇنىڭ جىنجياڭ شەھىرى.

⑤ يۈياڭ زاۋىقى — بۈگۈنكى خۇنەن ئۆلكىسى يۈياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك شەھەر راۋىقى.

## زەمبۇرەك ماھىرى ئىسمايىل ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

ئىسمايىل (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا 亦思马因 دەپ يېزىلغان) يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قورال ساناتىغا زور تۆھپە قوشقان غەربىي رايونلۇق (شىنجاڭلىق) ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس ①. ئىسمايىل ھەققىدە يۈەن سۇلالىسى جۇڭيۈەنىنىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1271 - يىلى) دىن باشلاپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 203 - جىلد «تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت تەپ-سىراتى»دا خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭيۈەنىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇبلايخان سۇڭ سۇلالىسى زېمىنىغا يۈرۈش قىلغاندا، جەمئىيارلىق ئۇيغۇر سانغۇن ئەلى خەييا قوماندانلىق قىلغان قوشۇن زاڭياڭ (بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى گۇچېڭ، گۇاڭخۇا، نەنجاڭ، يۈچېڭ قاتارلىق جايلار) دىكى ئۇرۇشتا سۇڭ سۇلالىسى قو-

شۇلارنىڭ ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سېلىشى تۈپەيلىدىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. بۇ ۋاقىتتا ئەلى خەييا شىنجاڭدا ياساپ ئىشلەتكەن ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنى ياساشنى بىلىدىغان بارلىق ئۇستىكارلارنى تايدۇ (بېيجىڭ) غا يىغىپ، ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرى ياسىتىپ ئىشقا سېلىش ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خانغا مەسلىھەت بەرگەن («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 128 - جىلد «ئەلى خەييا تەزكىرىسى» گە قاراڭ). جىيۈەننىڭ 9 - يىلى (مىلادى 1263 - يىلى) خان يارلىقىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەسىر سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەن ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۇيغۇر زەمبىرەكچى ئۇستىلىرى قاتارىدا ئىسمائىل تايدۇغا كەلگەن ۋە ئەلبەردىن (阿老瓦丁)، ماخمۇت (马哈麻)، يۈسۈپقۇلان (也速兀儿)، شېرىپىددىن (舍里甫丁) قاتارلىق نەچچە يۈز ئۇستىلار بىلەن بىللە زەمبىرەك ياساشقا كىرىشكەن. شۇ يىلى ئۇ قېرىندىشى ئەلبەردىن بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان. زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئېغىرلىقى 150 جىڭ بولۇپ، تايدۇنىڭ بەش دەرۋازا (五门) ئالدىدا سىناق قىلىپ ئېتىپ كۆرگەن ② (نەتىجىدە ئېتىلغان ئوق يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يېرىم مو كېلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغان. ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زەمبىرەككە ئىشلىتىلگەن ئوق ۋە كۆيدۈرگۈچ دورىلارنىڭ تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت بىلەن ئىشقار قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى ۋە ياساش ئۇسۇلى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق ماددىي ئىسپات يوق). ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قۇبلايخان ھەيران قېلىپ، ئۇنى سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزغان ۋە ئىسمائىلنى شۇ مەيداندىلا 250 سەر كۈمۈش بىلەن تارتۇقلىغان ۋە ئۇنى ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ موڭغۇل ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە بۇيرىغان. شۇنداق قىلىپ راڭياڭدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئىسمائىل زەمبىرەك ئېتىش بازىسىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتقاندا نىشانغا دەل تېگىپ، راڭياڭ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن ھەم ئىمارەتلەرنى ئۆرۈپ، شەھەر قورۇلۇشلىرىنى كۈكۈم تالقان قىلغان. (بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى رولىنى سۆزلىگەن ياشغان «ئۇيغۇر زەمبىرىكى ۋە راڭفەندىكى جەڭ» دېگەن ماقالىدىن كۆرۈڭ. («خۇبېي ئازسانلىق مىللەتلىرى» 1986 - يىل، 2 - سان 66 - بەت) راڭياڭ شەھىرىنى قوغداۋاتقان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لۈي ۋېنخۇەن ③ شەھەرنى تاشلاپ قاچقان ۋە يول ئۈستىدە موڭغۇل

ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسمايىلنىڭ ئۈزۈل-دۈرمەي ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرى ياسىشى ھەم ئۇنى ئۇرۇش رايونلىرىغا ئاپىرىپ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىشى بىلەن موڭغۇل قوشۇنلىرى جەڭلەردە ئۇدا غەلىبە قازانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى — خۇبېي ئۆلكىسى موڭغۇل خانلىقىنىڭ [illegible] 5000 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلانغان. يۈەن سۇلالىسى جىزيۈەننىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1273 - يىلى) ئىسمايىل خان يارلىقىغا ئاساسەن تايدۇدىكى ئۇيغۇر زەمبىرەكى ياسىغۇچى ئۇستىلارغا باش ئەمەلدار بولغان ۋە خان ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا ئەسكەر يۆتكەش دەستىگى تەقدىم قىلغان. ئۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ھۆكۈمەتتىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قاتارىدا تۆھپىكار ئەرباب سانالغان. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنىڭ سۈپىتى خېلى ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ مۇساپە ۋە پارتلاش كۈچى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ ئىلغار چوڭ تىپتىكى ھەربىي قورال بولۇپ قالغان.

جىزيۈەننىڭ 11 - يىلى (مىلادى 1274 - يىلى) ئىسمايىل ھازىرقى بېيجىڭ شەھرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇبو (布伯) دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىس بولغان، ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە زەمبىرەك قىسمىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. بولۇپمۇ ئۇ نەنشيادىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ناھايىتى زور غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن. بۇبو چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جىزيۈەننىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1281 - يىلى) ئۇ تۆھپىكارلار قاتارىدا پايتەختكە چاقىرتىلىپ، قۇبلايخاننىڭ مۇكاپاتلاش ۋە ئىلتىپات بېرىش يىغىنىغا قاتناشقان. بۇ قېتىم ئۇ «زەمبىرەكچى قىسىملار مارشالى» (回回炮手都元帅) ۋە «تەشرىپدار دۆلەت سانغۇلى» دېگەن ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ، ئۈچ دانە ئۈنچە - مارجانلىق «ئەسكەر يۆتكەش دەستىگى» (虎符) نى تاقىغان⑤. ئۇ، شۇ ۋاقىتتا 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زەمبىرەكى ياسىغۇچى ئۇستىلارغا مەسئۇل بولۇپ، 70 دىن كۆپرەك زەمبىرەك ياساتقاندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرى ياساش ئورنىنى تۈمەنبېشى مەھكىمىسى (万户府) گە يۆتكىگەن. بۇبو مەزكۇر مەھكىمىنىڭ باشلىقى ھەم جازا ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن جىدۇڭ (بۈگۈنكى جېجياڭ ئۆلكىسى بىلەن شاڭخەي شەھرى ۋە جياڭسۇنىڭ جىنجياڭ شەھرى، جىڭيۈن، يۈۋېينىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغرا-

يەرە قىسمى) نىڭ 119- بېتىگە قاراڭ) راپىدىغا جارچى - سىلاق ئەمەلدارى[6] بولغان ھەمدە شۇ جايدا ئۆمۈرىنى ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ بۇنىڭ ئوغلى ھەسەنمۇ دادىسى بىلەن بىللە، بىرىپ، يەچتا - ئالاقە مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي ئىشلار ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئىسمايىلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم بولسا ئاكىسى يۈيۈ جازا ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ ئەسلىدىكى تۇمەن بېشىلىق مەنسىپىگە ۋارسلىق قىلغان. جىجىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1328 - يىلى) غا كەلگەندە، ئىبراھىم خان يارلىقىغا ئاساسەن ئۇرۇش رايونلىرىدىكى زەمبىرەك ياسىغۇچى ئۇستىلارنى تايدۇغا توپلاپ، داۋاملىق زەمبىرەك ياساش ۋە ھەربىي زاۋۇتنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. يۈەنشۇندى — توخاي تۆمۈر ئۇنىڭغا «تۆھپىكار ئەرباپ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن ۋە ئۇنى 2مىڭ 500 تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلىغان. ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىغا خان ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تېشى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ مەنسىپىگە ئوغلى ياقۇپ (ئايىلى) ۋارسلىق قىلغان.

دېمەك، ئىسمايىل، ئىبراھىم ۋە ياقۇپتىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھاياتى موڭغۇل خانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياساپ بېرىش ھەم ئۇنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇلار ياسىغان ئۇيغۇر زەمبىرەكلىرى جۇڭگونىڭ ھەربىي قورال تارىخىدىكى زور كەشپىياتتۇر.

ئىزاھاتلار :

---

[1] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 203 - جىلد، «يەن - تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت تەپسىراتى»

[2] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 7 - جىلد، «شىزۇ (قۇبلايخان) توغرىسىدا خاتىرە» بىلەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 128 - جىلد «ئەلى خەييا تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

[3] لۇي ۋېنخۇەن — جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ساڭيۇڭ ...

[4] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 86 - جىلد «ئەمەلدارلار تەپسىراتى» 11 گە قاراڭ.

[5] شۇەنۋېيىسى - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بىر خىل ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ نامى.

ئەلبەردىن — تېخنىكى زەمبەرەك ماھىرى

ئەلبەردىن (يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخنامىلاردا ئۇنىڭ ئىسمى 阿老瓦丁 دەپ يېزىلغان). يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تېخنىكلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان زەمبەرەك ياسىغۇچى داڭدار مۇتەخەسسىس. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي سانائىتىگە زور تۆھپە قوشقان.

ئەلبەردىن ھەققىدە يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1271 - يىلى) دىن باشلاپ خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇ بۇ جايدا كەشىپ قىلىنغان «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» (回回炮) نى ياسايدىغان ھەربىي ياراغ تېخنىكى ئىكەنلىكىدە قىلچە گۇمان يوق ①. فەن ۋېنلەن يازغان «جۇڭگو تارىخى» نىڭ 483 - بېتىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، مىلادى XIII ئەسىردە موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر - قەلئەلەرنى ئىستىلا قىلغاندا، ئۇ يەردىكى ھۈنەرۋەن - ئۇستىكارلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدىكى خان يارلىقىنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇلارنى خان ئوردىسىغا تاپشۇرغان. ئەل - يەردىنكى ئۇخشاش ھەربىي قورال - ياراق ئۇستىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زەمبىرەكنى ياساشنى بىلىدىغان تېخنىك ئۇستىلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ خېلى ئەتىۋارلانغان ②. مانا بۇ ۋاقىتتا ياش تېخنىك ئەلبەردىنمۇ باشقا ئۇستىلار بىلەن بىللە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى سېپىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان. جىيۈەننىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1271 - يىلى) قۇبلايخاننىڭ باش قوماندانى جىسارلىق ئۇيغۇر سانغۇن ئەلى خەيياراگىيادا سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى ئىشقا سالغانلىقتىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. جىيۈەننىڭ 9 - يىلى (مىلادى 1272 - يىلى) قۇبلايخان جايلاردىكى ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياساشنى بىلىدىغان ئۇستىلارنى تايدۇغا يىغىش ۋە جەڭدە ئىشقا كىرىشتۈرۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئەلبەردىن خان يارلىقىغا ئاساسەن ئۇرۇش مەيدانىدىن تايدۇغا كېلىپ، ئىسمايىل بىلەن بىللە ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان. ئۇيغۇر زەمبىرىكىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى كۆرگەن قۇبلايخان ئەلبەردىننى كېيىم - كېچەك، تاۋار - دۇردۇن ۋە 500 يامبۇ بىلەن تارتۇقلىغان ③. شۇندىن كېيىن ئەلبەردىن خاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياساش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا قارشى ھۇجۇمى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن. جىيۈەننىڭ 11 - يىلى (مىلادى 1274 - يىلى) ئەلبەردىن ئۆزى ياسىغان ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى ئاتقا

سۈرۈتۈپ، موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە رادىياتىغا كەلگەن ۋە ئاۋۋال راڭ يائنى، ئارقىدىن يۇچېڭ شەھىرىنى توپقا تۇتۇپ، سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋەتكەن. كېيىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئۇيغۇر زەمبىرىكىگە تەقلىت قىلىپ زەمبىرەك ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما تېخنىكا تەلەپكە يەتمىگەچكە كارغا كەلمىگەن.

جىرۋەننىڭ 15 - يىلى (مىلادى 1278 - يىلى) «بۇ زەربىدار سانغۇن» لىق مەنسىپىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي مەھكىمىنىڭ «باش ئىش بېجىرگۈچىسى» لىككە كۆتۈرۈلگەن. جىرۋەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1280 - يىلى) خان ئوردىسى تەرىپىدىن 5 مىڭ تىزىق پۇل بىلەن تارتۇقلانغان. ئۇرۇش پەيتلىرى كارىغا چۈشۈپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، جىرۋەننىڭ 18 - يىلى (مىلادى 1281 - يىلى) ئۇ خان يارلىقىغا ئاساسەن جەنۇبىي پايتەخت (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرى) گە بېرىپ بوز يەر ئاچقۇچىلارنى ئىدارە قىلغان. مىلادى 1285 - يىلى ئۇ يەنە خان يارلىقىغا ئاساسەن تايدۇغا كېلىپ، زەمبىرەك ياسىغۇچى ئۇستىكارلارغا كەسپىي باشقۇرغۇچى ئەمەلدار بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر زەمبىرىكىنى ياساش تېخنىكىسى زور دەرىجىدە ياخشىلانغاچقا، ئىمراقىنى چەندەپ ئېتىش، كۆيدۈرۈش ۋە پارتلاش قۇۋۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ يۈكسەلگەن. ئەلبەردى مىلادى 1290 - يىلى تايدۇ شەھىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىس بولغان. مىلادى 1312 - يىلى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەنسىپىگە مەھمۇد شاھ ۋارىسلىق قىلغان.

ئىزاھاتلار:

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 123 - جىلد «ئەلبەردىنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئەلبەردىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ باۋار ئۇرۇقىدىن» (回鹘人瓦耳氏) دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

② قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 154 - بەت.

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 203 - جىلد «پەن - تېخنىكا ھۈنەرۋەنلەر تەزكىرىسى» نىڭ تەپسىلاتى».

## دىپلومات راببان سائوما

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە دىنىي ئوقۇشى ۋە مەنسىپى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان راببان سائوما (Rabbansauma) مىلادى 1225 - يىلى پايتەخت خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى)

تا دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1294 - يىلى 69 يېشىدا ئېلخانىلار دۆلىتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 385 - بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە ئىسمى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان. ئۇ غەرب ئەللىرىدە نېستورىيان دىنى تەلىماتىغا كامىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان. شۇڭلاشقا، ئۇ مىلادى 1275 - يىللىرى تەكلىپكە بىنائەن كىچىك ئاسىيادىن يولغا چىقىپ، نېستورىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ھېسابلانغان يېرۇسالىم، رىم قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشىدە بولغان ھەم ئۇ جايلاردا ئۈچ يىل يۈرۈپ بىر تەرەپتىن دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلخانىلار دۆلىتىگە ۋەكالىتەن دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان.

بۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار نېستورىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلار ئەسكەر، ئەمەلدار بولۇپ باشقا جايلارغا بېرىپ، نېستورىيان دىنىنى تارقاتقان. XIII ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخچىسى راشىددىننىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئىراننىڭ خۇراسان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭگە قاتناشقان ھەم ئۇ جايلارنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەرلىك ئەمەلدار سۈپىتىدە شۇ جايلاردا قالغان. مىلادى 1227 - يىلى چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، نەۋرىسى ئوگداي تەخت ۋارىسى بولغان دەۋر (مىلادى 1229 - يىلدىن 1241 - يىلىغىچە) دە، نېستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇر كوركوز موڭغۇللارنىڭ ئىراندىكى يەرلىك مەمۇرى باش ئەمەلدارى بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى بولسا ئىراق ۋە ئەزەربەيجاننى باشقۇرغان①. رابان سائۇما زىيارەت قىلىپ ئىران، ئىراق ۋە ئەزەربەيجانلارغا كەلگەندە، بۇ جايلارنىڭ يەرلىك مەمۇرى باش ۋالىيلىرى تېخىچە ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بەزى جايلاردا «مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) شەھەرلىرى» مۇ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن.

فرانسىيە پادىشاھى موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ۋىلگېلىم. ج. رۇبرۇك 1253 - يىلى يازغان خاتىرىسىدە، نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىراندىكى «مۇسۇلمان شەھىرى» دە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، ئەرەب تارىخچىسى راشىددىن مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىرانغا كېلىپ، پوچتا - ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايان قىلغان.

دېمەك، رابان سائۇما زىيارەت قىلىپ بارغانلا جايدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ نېستورىيان دىنى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپلا

قالماستىن، بەلكى ئىلخانىلار دۆلىتى نامىدىن باشقا خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشقان. ئۈچ يىل جەريانىدا نۇرغۇن رايون ۋە مىللەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، مىلادى 1280 - يىلى يەنە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي دوستى باش ئېپىسكوپ ماركىنىڭ مىرزا بەگى (باش كاتىپى) بولغان.

مىلادى 1287 - يىلدىن 1288 - يىلغىچە بولغان توپتوغرا بىر يىل ئىچىدە ئۇ ئىلخانىلار دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن كونستانتىنپول، ئىستامبول، نافلىس، رىم، پارىژ، پورتو قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان ھەمدە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) نىڭ ئىمپېراتورى ئاندىرونىك II، فرانسىيە پادىشاھى فىلىپ IV، ئەنگلىيە پادىشاھى ئىدۋارد II ۋە رىم پادىشاھى نىكولاي II قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن ②. بۇ جەرياندا ئۇ دۆلەت ئىشلىرى ئەمەلدارى سۈپىتى بىلەن بىر قانچە دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن ھەر خىل توختاملارنى تۈزگەن، شەرتنامىلەرنى ئىمزالىغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلخانىلار دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى داۋاملىق جانلاندۇرۇپ نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. مىلادى 1290 - يىلى رابان سائۇما يەنە ئىلخانىلار دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ فرانسىيىگە بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلخان ئارغۇننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى بىلەن دىپلوماتىيە جاۋاب خېتىنى يېزىپ، ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق ئۇنى فرانسىيە خانى ئوردىسىغا تاپشۇرغان. بۇ خەت ھازىر فرانسىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا ③. رابان سائۇما ئىلخانىلار دۆلىتىنىڭ مەخسۇس دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپلا قالماي، بەلكى نېستورىيان دىنىنىڭ داڭدار ئۆلىماسى ئىدى. ئۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇشتىن ئىلگىرى دوستى مارك بىلەن بىللە ياۋروپا ئەللىرىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، نېستورىيان دىنىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشكەن ④. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىركاۋ ياسىتىپ دىن تارقاتقان. ھەم موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى دىنىي ئىلىم بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ دىنىي مۇراسىم ئىشلىرىنى باشقۇرغان، بۇنداق يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە كىشىلەر ئۇ زامانلارنىڭ داڭدار ئۆلىماسى ۋە ئۇستازى ھېسابلىناتتى. دېمەك، رابان سائۇمانىڭ ئىلخانىلار دۆلىتىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. ھەم ئۇ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە، دىنىي ئىشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مۇھىم ئەربابلار قاتارىدا سانالغان.

ئىزاھاتلار:

①②③ ئابلەت نۇردۇن: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي رولى». «شىنجاڭ ياشلىرى» 1986 - يىلى 3 - سان، 42 — 43 - بەتلەر.

④ «ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 385 - بېتىدىكى راببان سائۇما ماددىسىغا قاراڭ.

## دىپلومات، ئۆلىما — مارك

نېستورىيان دىنىنىڭ مەشھۇر ئالىمى①، دىپلومات ۋە تىلشۇناس مارك مىلادى 1245 - يىلى خانبالىقتا (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدە) تۇغۇلۇپ، مىلادى 1317 - يىلى كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلغان ئېلخانىلار دۆلىتىدە ۋاپات بولغان.

«ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 375 - بېتىدىكى «مارك» ماددىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئۇيغۇر (畏吾尔) بولۇپ، ۋاڭگۇ (注古部) قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مارك (Mark) دېگەن ئىسىم بىلەن غەرب ئەللىرىدە مەشھۇر.

تەخمىنەن مىلادى 1276 - 1275 - يىللىرى ئۇ دوستى راببان سائۇما بىلەن بىللە نېستورىيان دىنىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان يېرۇسالېم قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۈچ يىل ئوقۇغان: شۇ جەرياندا ئۇ نېستورىيان دىنىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە دىنىي تەلىماتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، نېستورىيان دىنىنىڭ ئېپىسكوپى بولۇپ يېتىشىپ چىققان؛ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىركاۋ ياسىتىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

بۇ چاغدا ئېلخانىلار دۆلىتى ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئىلكۈۋېن (موڭغۇلچە «بەخت قۇشى قونغان ئادەم» دېگەن مەنىدە) ② دەپ ئاتاش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا نېستورىيان دىنىنى تارقىتىپ، كەلگۈسى دۇنيالىق ئۈچۈن سائادەت تىلەشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پارسلارنىڭ زېمىنى بىلەن كىچىك ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە ئامۇ دەرياسى، غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، جەنۇبتا ھىندى دېڭىزغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئاقسۆڭەك - ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا دىنىي دەرس بەرگەن. مىلادى 1280 - يىلى نېستورىيان دىنىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئېپىسكوپلۇقىغا تەيىنلەنگەن. كېيىنكى يىلى ئۇنىڭ مەرتىۋىسى يەنە بىر دەرىجە ئۆسكەن. ئىسمىنى ياخبالالاخ III (yahDhallaha III) دەپ ئۆزگەرتكەن ③ ھەم دوستى راببان سائۇمانى ئۆزىگە مىرزا بېگى (باش كاتىپ) قىلغان.

مىلادى 1284 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە ئىلخانبالىق (بېيجىڭ) قاتارلىق جايلاردا دىن تارقىتىپ ئۇتۇق سۆزلىگەن. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ خانبالىقتىكى چىركاۋسىدا بىر قېتىمدىلا 400 نەپەرچە كىشىنى تەربىيىلىگەن.

مىلادى 1298 - يىللىرىدا ئۇ ئىلخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن كىچىك ئاسىياغا قايتىپ كېلىپ، مەزكۇر خاندانلىقنىڭ دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋە ئوردىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل بولغان. شۇنداقلا ياۋروپادىن كەلگەن مېھمانلارنى، دىپلوماتلارنى كۈتۈۋالغان، ھۆكۈمەت نامىدىن بەزى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان.

غەربىي موڭغۇللارغا (يەنى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللارغا) ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ماركىنىڭ ئىلخانىيلار دۆلىتىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان. چۈنكى ئۇ شۇ زاماننىڭ بۈيۈك مەرىپەت ئىگىسى، دىنىي ئۇستازى ھەم تىلشۇناسى بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ھۆرمەتلەنگەن ئۇ ياۋروپا- دىكى ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان مەزگىللەردە بىر نەچچە دۆلەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن ھەم ئۇلارنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى بىمالال كۆرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

ئۇ ئۆز زامانىسىدە بىر قانچە پارچە رىسالە ۋە تىل - يېزىق ھەققىدىكى كىتابلارنى يازغان. لېكىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن.

ئىزاھاتلار:

---

① نېستورىيانىزم (Nesto ianism) خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاسىيادىكى بىر مەزھىپى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 9 - يىلى (مىلادى 635 -يىلى) جۇڭگوغا تارقالغان.

② ⑧ «ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 344 — 375 - بەتلىرىگە قاراڭ.